رەڭگارەڭ «1 - ئىيۇن»

# ۋەتەن قويىندا بەختلىك ئۆسۈپ يېتىلىش

## ـــ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۆسمۈرلەر - بالىلار «1 - ئىيۇن»نى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شىيا

«1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، پىيونېرلار ئەترىتى باش تېما پائالىيىتى، كۆيۈنۈش، ھال سوراش قاتارلىق شەكلى كۆپ خىل تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، بالىلارغا ساغلام، خۇشال - خۇرام، ئىللىق بايرام كەيپىياتى يارىتىپ بېرىپ، ۋەتەننىڭ غۇنچىلىرىنى ئىللىق چوڭ ئائىلىدە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدۈردى.

دۆلەت بايرىقى چىقىرىش، دۆلەت شېئىرى ئوقۇش، ئەترەت مارشىنى ئورۇنلاش. 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىدىكى ئوقۇغۇچىلار دۆلەت بايرىقى ۋە ئەترەت بايرىقى ئاستىدا تەنتەنىلىك قەسەم بېرىپ، شەرەپ بىلەن پىيونېرلار ئەترىتىگە كىردى. «قىزىل گالستۇك دۆلەت بايرىقىنىڭ بىر بۇرجىكى، مەن ئۇنى ئاسرايمەن، ياخشى ئۆگىنىپ، كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلەيمەن!» ئوتقاشتەك قىزىل گالستۇكنى تاقىغان بۇ مەكتەپنىڭ 1 - يىللىق (2)سىنىپىدىكى كىچىك دوست دۇڭ زىچېن چەكسىز پەخىرلەندى.

شۇ كۈنى، بۇ مەكتەپ «دۆلەت بايرىقى ئاستىدا خۇشال - خۇرام ئۆسۈپ يېتىلىش تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى ياخشى ئۆسمۈرلەردىن بولۇش» دۆلەت بايرىقى چىقىرىش باش تېما پائالىيىتى ۋە يېڭى ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ئەترەتكە كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. دۆلەت بايرىقى ئاستىدا، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ چۇنيەن بالىلارغا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «1 - ئىيۇن» ئىلھاملاندۇرۇش سۆزىنى ئوقۇپ بېرىپ، پىيونېرلار ئەترىتى ئەزالىرىغا قېتىرقىنىپ بىلىم ئۆگىنىپ، غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىپ، قەتئىي ئىرادىنى تاۋلاپ، چېنىقىپ بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق تىرىشىپ يېڭى دەۋرنىڭ ياخشى ئەترەت ئەزاسى بولۇش توغرۇلۇق تەلىم بەردى.

«1 - ئىيۇن»نىڭ ئالدىنقى كۈنى، خوتەن ناھىيەسىنىڭ تەۋەككۇل يېزىسىدىكى 300 نامرات ئائىلىدىكى بالىلار بىر ئالاھىدە سوۋغاتنى تاپشۇرۇۋالدى ـــ ھەربىر بالا 1000 يۈەندىن ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشتى. ئىگىلىنىشىچە، بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى قانات يايدۇرغان «قۇياش نۇرى ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزگە ھەمراھ، ئۈمىد كەلگۈسىمىزنى يارىتىدۇ» شىنجاڭ ئۈمىد قۇرۇلۇشى 1+1 ئوقۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتى ئىكەن. ياردەمگە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى سەبىرنىسا مۇنداق دېدى: مەن بۇ غەمخورلۇقنى ئۆگىنىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ، ھەقىقىي قابىلىيىتىم، ئەمەلىي بىلىمىم بىلەن جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرىمەن.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۈرۈمچى SOS بالىلار كەنتىدە، بىر مەيدان ئۆزگىچە كىچىك تىپتىكى قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى ياساش كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. «بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىلارنىڭ ئەسەرلىرى، بۈگۈن مەركەزلىك كۆرگەزمە قىلىنىپ، كۆپچىلىككە خۇشاللىق يەتكۈزۈلدى.» ئۈرۈمچى SOS بالىلار كەنتىنىڭ كەنت باشلىقى ياردەمچىسى ۋاڭ شىنشياڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: گەرچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، بالىلار كەنتى يېپىق شەكىلدە باشقۇرۇشنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ غەمخورلۇقى ئۈزۈلمىدى. بايرامنىڭ ئالدىنقى كۈنى، ئۇلار ھۆكۈمەت، مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش كارخانىلىرى ئەۋەتكەن ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تاپشۇرۇۋالدى، ئوقۇتقۇچىلار بۇ بۇيۇملارنى سوۋغات شەكلىدە بالىلارغا تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارغا پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىشى بىلەن، قورغاس ناھىيەلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى خۇشال، رەڭگارەڭ «1 - ئىيۇن»نى ئۆتكۈزدى. مەكتەپ سىنىپنى بىرلىك قىلىپ، ناخشا ئېيتىش، ساز چېلىش، ئۇسسۇل ئويناش، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش قاتارلىق ماھارەتلەرنى كۆرسەتكۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى كىچىك سەھنىدە ئۆزىنى نامايان قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مەكتەپ باش تېما ئەترەت كۈنى پائالىيىتى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ مىننەتدارلىق تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى قەھرىمانلارنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەپ، بالىلارنى يۇقۇمدىن كۈچ ئېلىپ، ۋەتەن بىلەن ئورتاق ئۆسۈپ يېتىلىشكە يېتەكلىدى.

ئىگىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پىيونېرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، «1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمى مەزگىلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پىيونېرلار ئەترەتلىرى دۆلەت بايرىقى ئاستىدا نۇتۇق سۆزلەش، قىزىل گالستۇكلۇقلارنىڭ كىچىك ئارزۇلىرى، كىچىك تەكلىپلىرىنى توپلاش، «قىزىل گالستۇكنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇش» تور باش تېما ئەترەت كۈنى، 1 - سەپتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان خادىملارنىڭ پەرزەنتلىرىگە كۆيۈنۈش ۋە ئۇلاردىن ھال سوراش قاتارلىق مول، رەڭگارەڭ ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، بالىلارنى ئىللىق ھەم ئەھمىيەتلىك بايرام ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.




5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، كىچىك دوستلار ئۆزلىرى ياسىغان كىچىك قول ھۈنەر ئەسەرلىرىنى كۆرسەتمەكتە. «1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ داۋەن جەنۇبىي مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى «مۇھىت ئاسراش ئىجادىيەت كىچىك ماھىرى. شەھەر يېشىللىقنىڭ قوغدىغۇچىسى» باش تېما پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

# يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئومۇمیۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىدىغان ۋە «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل. خىرىسقا دادىل يۈزلىنىپ، ئەسەنچىنى چىڭىتىپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى باشتىن - ئاخىر خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانى ۋە ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى كۆزلەش نۇقتىسى ۋە كۈچ چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى باش نىشاننى زىچ چۆرىدەپ پىلانلاش، قانات يايدۇرۇش، ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ھەقىقىي تۈردە دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ قاتتىقلىقى ۋە ئۈنۈمىنى كۈچەيتىپ، ۋەكىللەر خىزمىتىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ دائىمىي كومىتېتنىڭ بۇ يىللىق تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ياخشى تاماملاش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلق قۇرۇلتىيى يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت تايانچ بولىدىغان، ھەرقايسى تەرەپلەر قاتنىشىدىغان نىزام چىقىرىش خىزمىتى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ساھەلەردىكى نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، بۇ يىللىق نىزام چىقىرىش پىلانىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ ئاممىۋى سەھىيە ساھەسىدىكى نىزام چىقىرىش، نىزامغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىنى يۇقىرى سۈپەتتە، يۇقىرى ئۈنۈمدە ياخشى ئىشلەپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىشلىق، ئۆزئارا ياندىش بولغان يەرلىك نىزام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىدىكى بەلگىلىمىلەر ۋە پرىنسىپلار بىلەن بىردەك بولمىغان يەرلىك نىزاملارنى چىڭ تۇتۇپ ئىنىقلاپ، خەلقنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. توغرا نازارەت قىلىش، ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، نازارەتچىلىك تۈزۈلۈم مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، بۇ يىللىق نازارەتچىلىك خىزمىتى پىلانىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ۋەكىللەرنىڭ ئالاقىلىشىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش سۈپىتى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ ۋەكىللەر بىلەن، ۋەكىللەرنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن يىللىق نىشان - ۋەزىپىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئىستىلنى سىجىل ياخشىلاپ، يېڭى دەۋردىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۈخمىڭ، پارتىيە گۇرۇپپا ئەزالىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن مۇتەللىپ قاسىم، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ، مۇئاۋىن مۇدىر دۇڭ شىنگۇاڭ يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش جۇڭگو خەلق ھەربىي - سىياسىي داشۆسىنىڭ تەيۈ شۆبە مەكتىپى، خېنەن ۋۇياڭ ناھىيەلىك ھۆكۈمەت، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرا جەنۇبىي جۇڭگو بيۇروسى تەشكىلات بۆلۈمى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، شىنجاڭ قەشقەر دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى، شىنجاڭ بىرلەشمە ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، ئاپتونوم رايونلۇق ماشىنىسازلىق ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ھەربىي سانائەت ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۇداپىئە خىزمىتى ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ماشىنىسازلىق سانائىتى ئىدارىسىدە ئىشلىگەن، 1983 - يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە ئىقتىساد خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغان، 1985 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، 1991 - يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، 1995 - يىلى 4 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

يولداش جاڭ سىشۆ ياشلىق چاغلىرىدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، سىياسىيدا قەتئىي، پارتىيەگە سادىق بولۇپ، باشتىن - ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىغان. ئۇ ئۇزاق مۇددەت شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئىشلىرىنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، قۇرۇلۇشى ئۈچۈن نۇرغۇن ئاجايىپ نەتىجىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان مەزگىلدە، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە پائال تۈرتكە بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان مەزگىلدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمنى قەتئىي قوغداپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك - قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتقان. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش جاڭ سىشۆ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشقان.

# ئاپتونوم رايونىمىز باج بېجىرىشتە ئۈچىنچى تەرەپ چىقىم قىلىش بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ باج ئىدارىسى شىنجاڭ ئېلېكترونلۇق باج ئىدارىسى، يان تېلېفون APPسى، شەخسىيلەر تاپاۋەت بېجى يان تېلېفون تېرمىنالى، ئۈندىدار كىچىك پروگراممىسى، ئەمەلىي باج بېجىرىش مۇلازىمەت زالىدا ئۈچىنچى تەرەپ چىقىم قىلىش كەسپىنى يولغا قويۇپ، تور ۋە تور سىرتى، ئىچكى تور ۋە تاشقى تورنى تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئىگىلىنىشىچە، نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باج تاپشۇرغۇچىلار شىنجاڭ ئېلېكترونلۇق باج ئىدارىسى تور بەت تېرمىنالى، باج بېجىرىش مۇلازىمەت زالىدا شەكىللەنگەن ئىككىلىك كود ئارقىلىق چىقىم قىلىپ باج تاپشۇرۇش تەرتىپىنى تاماملىسا بولىدىكەن؛ يەنە يان تېلېفون ئارقىلىق شەخسىيلەر تاپاۋەت بېجى APPسى، شىنجاڭ باج ئىشلىرى يان تېلېفون APPسى، ئۈندىدار كىچىك پروگراممىسى قاتارلىق يان تېلېفوندا باج بېجىرىش يۇمشاق دېتاللىرىغا تىزىملىنىپ كىرىش ئارقىلىق بىۋاستە ئۈندىدار، چەقىمدان، يۈنشەنفۇ قاتارلىق ئۈچىنچى تەرەپ چىقىم قىلىشقا ئۆتۈپ، «ئۇچراشماسلىق شەكلى»دىكى باج بېجىرىش - ھەق تاپشۇرۇش كەسپىنى تاماملىسا بولىدىكەن. 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ باج ئىدارىسى ئۈچىنچى تەرەپ چىقىم قىلىش شەكلى ئارقىلىق جەمئىي 80 مىڭ 214 قېتىم باج تاپشۇرۇش كەسپىنى بېجىرگەن، جەمئىي تاپشۇرۇلغان باج پۇلى 98 مىليون 715 مىڭ 300 يۈەن بولغان.

شىنجاڭ باج ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: ئۈچىنچى تەرەپ ئارقىلىق تاپشۇرۇلغان ھەربىر باج پۇلىنىڭ ھەممىسى راسچوت قىلغۇچى ئاپپارات ۋە باج سىستېمىسى، خەلق بانكىسىنىڭ دۆلەت خەزىنىسى سىستېمىسى ئارقىلىق راسچوت قىلىنىپ، باج تاپشۇرغۇچىلارنى ئەپلىك چىقىم قىلىش شەكلى بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىللە، يەنە باج پۇلىنىڭ دۆلەت خەزىنىسىگە ۋاقتىدا، بىخەتەر تاپشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

باج تارماقلىرىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، بۇنىڭدىن كېيىن، ئۈچىنچى تەرەپ چىقىم قىلىش تەبىئىي شەخسلەر ھەمدە يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ۋاكالىتەن تالون كەستۈرۈش، ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش ھەم ئۆي - زېمىن ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى يۆتكەش قاتارلىق كەسپلەرنى بېجىرىشتىكى ئاساسلىق ھەق تاپشۇرۇش يولىغا ئايلىنىدىكەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)